# بۇنىڭ چاچ ساقاللىرىنى بوياڭلار، لېكىن قارا رەڭدە بوياشتىن ساقلىنىڭلار

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، مەككە پەتھى بولغان كۈنى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئاتىسى ئەبۇ قۇھاپە كەلتۈرۈلدى، ۋەھالەنكى ئۇنىڭ چاچ ۋە ساقىلى ئاق ئۆسۈملۈككە ئوخشاپ قالغان ئىدى، «پەيغەمبەرئەلەيھسسالام:«بۇنىڭ چاچ ساقاللىرىنى بوياڭلار، لېكىن قارا رەڭدە بوياشتىن ساقلىنىڭلار
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: مەككە پەتھى بولغان كۈنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسى ئەبۇ قۇھاپە پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈلگەندە ئۇنىڭ چاچ-ساقاللىرى ئاق ئۆسۈملۈككە ئوخشاپ قالغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئۇنى شۇ ھالەتتە كۆرگەن ۋاقتىدا: «بۇنىڭ چاچ ساقاللىرىنى بوياڭلار، لېكىن قارا رەڭدە بوياشتىن ساقلىنىڭلار»دېدى، چۈنكى قارا رەڭ بولسا ئىنسانىنى ياشلىق ھالىتىگە قايتۇرىدۇ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىنى يارىتىش يولى ۋە تەبىئىتىگە قارشىدۇر، ئەمما قىزىل، سېرىق رەڭلەر بىلەن بوياش ياكى خىنە بىلەن ياكى باشقا ئارىلاشما رەڭلەر بىلەن بويىسا بولىدۇ، رەڭ قارىلىقتىن ھالىتىدىن چىقىپ كېتىپ، قارا بىلەن قىزىل ئارىسىدا بولۇپ قالسىمۇ بولىدۇ، چەكلىمە پەقەت قاپ-قارا رەڭدە بوياشتىن توسۇشتۇر. مۇسلىمنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلغان رىۋايىتىدە: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىنە بىلەن سۈس بويىغان دېيىلگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/8909

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee